## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان ، ئاسىيانىڭ مەركىزىدە شەرەپلىك بىر تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ، يەنى ھىجرى 4 ئەسىردىلا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولىدا پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن ئىسلام ئالەمىگە بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتكەن ، شەرقتە ئىسلامنىڭ بايراقدارى بولغان ئىمامى بۇخارىدەك ئالىملەرنى يېتىشتۈرگەن شەرقىي تۈركىستان ، بۈگۈن جۇڭگونىڭ بىر مۇستەملىكە ئۆلكىسى بولۇپ ، بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچبىر مىللەت كۆرمىگەن زۇلۇم ، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ كەلمەكتە ، ئۇ ۋەتەننىڭ ئىسمى ھازىر جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ئاتالماقتا .

شەرقىي تۈركىستان خەلقى پارلاق ئۆتمۈشكە ئىگە ، قەھرىمان ۋە مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمان بىر نەسىلنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ، ئىسلام خەلىپىلىكلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتكەن مۇسۇلمان خەلقتۇر .

ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان مەدرىسىلىرىدە ھەدىس ، تەپسىر ، فىقھى ، پەلسەپە ۋە ئەرەپ ئەدەبىياتى كىتابلىرى دەرس قىلىنىپ ، ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن بولسا ، شەرقىي تۈركىستاندا يېتىشكەن دۇنياۋى ئالىملاردىن مەھمۇد قەشقەرى باغدادتا ئاباسى خەلىپىلىكىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا « دىۋانى لۇغاتىت تۈرك » ناملىق ئەسەرنى يېزىپ خەلىپىگە تەقدىم قىلغان . ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىمۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى شامدا ئۆتكۈزگەن ۋە پۈتۈن كىتابلىرىنى ئەرەپچە يازغان . دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلام ئالەمى بىلەن ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان قويۇق ئالاقە باغلاپ كەلگەن . ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان .

شەرقىي تۈركىستان خەلقى 1863 - يىلى قۇرغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى 1876 - يىلىدا خىتاي تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندىن بۇيان ، شەرقىي تۈركىستاندا چىن ھاكىمىيىتى تىكلىنىشكە باشلىغان . شۇندىن بۇيان بۇ مۇسۇلمان ئۆلكە ئىسلام دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەن .

شەرقىي تۈركىستان چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندىن بۇيان بۈگۈنگە قەدەر مىللىي مۇستەقىللىقىنى ، دىنى ئېتىقادىنى ، مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى قوغداش يولىدا چىن ھاكىمىيىتىگە قارشى 200 قېتىمدىن ئارتۇق قوراللىق ئىنقىلاب قوزغىغان . نەتىجىدە 1933 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ، 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى قۇرغان . 1949 - يىلى چىن كوممۇنىست مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان .

يەر مەيدانى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى : شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، چىن ، موڭغۇلىيە ، روسىيە ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، تاجىكىستان ، ئافغانىستان ، پاكىستان ، تىبەت ۋە ھىندىستانلار بىلەن چېگرالىنىدۇ . يەركۆلىمى 1 مىليون 828.418 چاسا كىلو مېتىر . شەرقىي تۈركىستاننىڭ

يولى خاراكتېرگە ئىگە قىلدى . يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيىتىگە يېڭى تارىخىي خۇسۇسىيەت بېغىشلىدى .
شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى .
ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ ھېساپلانغان ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي دەرىجىسىدە ھېچكىم يېتىشەلمىگەن بۈيۈك ئالىم ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى شەرقىي تۈركىستانلىقتۇر . ئۇنىڭ بىلىمگە باغدات ، شام ۋە مىسىر پەيلاسوپلىرى ھەيران قالغان . ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئۇنىڭغا 2 ـ ئارىستو دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن .
1069 ـ 1070 ـ يىللىرى يېزىلغان قۇتادغۇبىلىك ناملىق داستانىنىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( 11 ـ ئەسىر ) تۇر . قۇتادغۇ بىلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە يېزىلغان دۇنيادىكى تۇنجى كىتاب بولۇپ ، ياۋروپا دۆلەتلىرى دۆلەت تەشكىلاتى قۇرۇشنى ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى قۇتادغۇ بىلىكتىن ئۆگەندى ، دەپ يازىدۇ .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننى يېزىپ تاماملاپ ، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان ، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن .
بۇ كىتابنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى ۋېنا ، قاھىرە ۋە ئىستانبۇل كۇتۇپ خانىلىرىدا ساقلانماقتا . كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ، تۈركچە ، ئىنگىلىزچە ، فرانسىزچە ۋە نېمىسچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان .
شەرق خەلق لىرىنىڭ ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ، تۈركىي خەلقلەردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى لۇغەت شەكلىدىكى قامۇسى ئەسەر تۈركىي تىللار دىۋانى نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى ( 11 ـ ئەسىر ) شۆھرەتلىك ئورۇندا ئىگە .
مەھمۇت قەشقەرى تۈرك يۇرتلىرىنى سەياھەت قىلىپ ، تۈرك لۇغىتىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ ، 1072 ـ 1074 ـ يىللىرى دىۋانى لۇغاتىت تۈرك ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ ، تابغاچ قارا بۇغراخاننىڭ قىزى ، سالجۇق شاھى مەلىك شاھ رەپىقىسى تۈركان خاتۇن كونتروللۇقى ۋە ھامىيلىقىدىكى باغداد خەلىپىسى ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئۆز كىتابىنى تەقدىم قىلغان . ئۇ كېيىنكى ھاياتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپ ، شۇيەردە ۋاپات بولغان .
دىۋانى لۇغاتىت تۈرك ، دۇنيادا تىل لۇغىتى تۈزۈشنىڭ تۇنجى نەمۇنىسى . بۇ كىتابتىن بۇرۇن دۇنيادا تىل لۇغىتى بولغان ئەمەس . بۇنداق ئۇلۇغ ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەرلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە يېزىلىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى .

تەبىئىي بايلىقلىرى : شەرقىي تۈركىستان ئاشلىق ئامبىرى ، گۆش ئامبىرى ، گىلەم يۇرتى ، يىپەك يۇرتى ، مېۋە ماكانى ، نېفىت يۇرتى ، ئالتۇن ماكانى دېگەندەك ناملارغا ئىگە .
شەرقىي تۈركىستان ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ خىلمۇ خىللىقى ، زاپىسى ۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ .
شەرقىي تۈركىستاندا ئېنېرگىيە قىممىتى يوقىرى بولغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن كۆمۈر ، نېفىت ، تەبىئىي گاز ، سۇ كۈچى ، ئېغىرماي ، يادرو يېقىلغۇلىرى قاتارلىقلار بار . ئۇندىن باشقا ھازىرغىچە بايقالغان قېزىلما بايلىقلار 129 خىل .

شەرقىي ياقىسى بىلەن غەربىي ياقىسىنىڭ ئارىلىقى 2000 كىلومېتىر ، جەنۇبىي ياقىسى بىلەن شىمالىي ياقىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئەڭ كەڭ مۇساپە 1600 كىلومېتىر كېلىدۇ .
شەرقىي تۈركىستانىنى ئالتاي ، پامىر ، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىق ئىگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . تەڭرى تېغى شەرقىي تۈركىستانىنى جەنۇبى ۋە شىمالى تۈركىستان دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ .
شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قەدىمدىن تارتىپ خەلقئارا بىلەن بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ۋە مەدەنىي ئالاقىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن . مەشھۇر « يىپەك يولى » بۇنىڭ بىر تارىخىي دەلىلى .

**نوپۇسى :** چىن مەنبەلىرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ نوپۇسىنى 9 مىليون ئەتراپىدا كۆرسەتمەكتە بولسىمۇ ، نۇرغۇن تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نوپۇسى 30 مىليون ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەرلىك خەلقى ئىچىدە نوپۇسىنىڭ 95 % نى تەشكىل قىلىدۇ ، قالغان 5 % نى قازاق ، قىرغىز، تاجىك ، ئۆزبېك ، تاتار قاتارلىق مۇسۇلمان بولغان يەرلىك ۋە كۆچمەن خەلقلار تەشكىل قىلىدۇ . ئۇندىن باشقا 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كەلمەكتە بولغان جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسى 40 مىليوندىن ئاشىدۇ . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەسلى خوجايىنى ۋە يەرلىك خەلقى بولغان مىللەتلەر جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن « ئازسانلىق مىللەتلەر » دەپ ئاتىلىپ ، ھاقارەتلىنىپ كەلمەكتە .

**دىنىي ئېتىقادى :** شەرقىي تۈركىستان خەلقى دەسلەپتە مانى - بۇددا ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلغان بولۇپ ، مىلادى 10 - ئەسىرگە كەلگەندە ، تارىختا تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك خانى دەپ شۆھرەتلەنگەن ، قاراخانىيلار خانلىرىدىن سۇلتان ساتۇق بۇغراخان زاماندا يەنى مىلادى 932 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان ، ئىسلام ئېتىقادىغا ساداقەت بىلەن ئىسلىپ كەلگەن مۇسۇلمان خەلقتۇر . ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار ، مۇتەپەككۇرلار ۋە پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىقىپ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ، ئىسلام تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان .

**يەرلىك خەلقى :** شەرقىي تۈركىستا ، يەر يۈزىگە ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلگەن . « ئۇيغۇر » ئۇيۇشماق ، ئىتتىپاق بولماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى بولۇپ ، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى ، كۆرەشچانلىقى بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان .
ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ .
ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ تۈرك رونىك يېزىقىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان . 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى . ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى ئەنە شۇ ئەرەب يېزىقىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئۆزگەرتىلىشىنىڭ نەتىجىسى .

**مىللىي مەدەنىيىتى :** شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلىششقا قەدەم قويۇش بىلەن بىللە ھەم چارۋىچىلىق ، ھەم تېرىقچىلىق ، ھەم تاۋارنىڭىلىكى ، يەنى ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، شىمال جەنۇب يايلاق – بوستان خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى شەرق - غەرب « يىپەك

يولى خاراكتىرگە ئىگە قىلدى . يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيتىگە يېڭى تارىخىي خۇسۇسيەت بېغىشلىدى .
شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلامىيەتنى قۇبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام مەدەنىيتى بارلىققا كەلدى .
ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ ھىساپلانغان ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي دەرىجىسىدە ھېچكىم يېتىشەلمىگەن بۈيۈك ئالىم ئەبۇ نەسر مۇھەممەد فارابى شەرقىي تۈركىستانلىقتۇر . ئۇنىڭ بىلىمگە باغدات ، شام ۋە مىسىر پەيلاسوپلىرى ھەيران قالغان . ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئۇنىڭغا 2 ـ ئارىستو دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن .
1069 ـ 1070 ـ يىللىرى يېزىلغان قۇتادغۇبىلىك ناملىق داستانىنىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( 11 ـ ئەسىر ) تۇر . قۇتادغۇ بىلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە يېزىلغان دۇنيادىكى تۇنجى كىتاب بولۇپ ، ياۋروپا دۆلەتلىرى دۆلەت تەشكىلاتى قۇرۇشنى ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى قۇتادغۇ بىلىكتىن ئۆگەندى ، دەپ يازىدۇ .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنى يېزىپ تاماملاپ ، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان ، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن .
بۇكىتابنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى ۋېنا ، قاھىرە ۋە ئىستانبۇل كۇتۇپ خانىلىرىدا ساقلانماقتا . كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ، تۈركچە ، ئىنگىلىزچە ، فرانسىزچە ۋە نىمىسچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان .
شەرق خەلق لىرىنىڭ ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ، تۈركىي خەلقلەردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى لۇغەت شەكلىدىكى قامۇسى ئەسەر تۈركىي تىللار دىۋانى نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى ( 11 ـ ئەسىر ) شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە .
مەھمۇت قەشقەرى تۈرك يۇرتلىرىنى سەياھەت قىلىپ ، تۈرك لۇغىتىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ ، 1072 ـ 1074 ـ يىللىرى دىۋانى لۇغاتىت تۈرك ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ ، تابغاچ قارا بۇغراخاننىڭ قىزى ، سالجۇق شاھى مەلىك شاھ رەپىقىسى تۈركان خاتۇن كونتروللۇقى ۋە ھامىيلىقىدىكى باغداد خەلىپىسى ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئۆز كىتابىنى تەقدىم قىلغان . ئۇ كېيىنكى ھاياتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپ ، شۇيەردە ۋاپات بولغان .
دىۋانى لۇغاتىت تۈرك ، دۇنيادا تىل لۇغىتى تۈزۈشنىڭ تۇنجى نەمۇنىسى . بۇ كىتابتىن بۇرۇن دۇنيادا تىل لۇغىتى بولغان ئەمەس . بۇنداق ئۇلۇغ ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەرلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلىرىدە يېزىلىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى .

تەبىئى بايلىقلىرى : شەرقىي تۈركىستان ئاشلىق ئامبىرى ، گۆش ئامبىرى ، گىلەم يۇرتى ، يىپەك يۇرتى ، مېۋە ماكانى ، نېفت يۇرتى ، ئالتۇن ماكانى دېگەندەك ناملارغا ئىگە .
شەرقىي تۈركىستان ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ خىلمۇ خىللىقى ، زاپىسى ۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ .
شەرقىي تۈركىستاندا ئېنېرگىيە قىممىتى يوقىرى بولغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن كۆمۈر ، نېفت ، تەبىئى گاز ، سۇ كۈچى ، ئىسسىقلىق ، يادرو يېقىلغۇلىرى قاتارلىقلار بار . ئۇندىن باشقا ھازىرغىچە بايقالغان قېزىلما بايلىقلار 129 خىل .

1 ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقنىڭ نوپۇسىنى ئاز كۆرسىتىپ ، شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى يەرلەشتۈرۈپ ، يەرلىك خەلقنى تەدرىجى يوق قىلىش سىياستى . ئالايلۇق ، 1949 ـ يىلى مەرھۇم لىدىرىمىز ، ئەينى زاماندىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىيسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس ئىستاتىكىسدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇسى 9 مىيون ئىدى . ئەينى يىلى ماۋزېدۇڭمۇ شىنجاڭدا 9 مىليون ئازسانلىق مىللەت بار ، دەپ ئېلان قىلغان بولسا ، 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ دەپتىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ نوپۇسى 9 مىليونغا يەتمۇيدۇ . بۇ مەقسەتلىك ھالدا چىنلىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي مەقسەتتە ھازىرلانغان راپور بولۇپ ، بۇنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى قۇبۇل قىلالمايدۇ . يىلدا 2% كۆپۈيۈش نىسبىتى بىلەن ھېساپلىغاندىمۇ شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 28 ، 30 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .

2 ـ 1980 ـ يىللاردىن بۇيان چىن ھۆكۈمىتى بىر بالىلىق بولۇش سىياسىتىدىن ئىبارەت تۇغۇت چەكلەش سىياستىنى قوللىنىپ ، ھامىلە ئاياللارنى مەجبۇرى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تىخى بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن 100 مىڭلارچە بىگۇناھ بوۋاقلارنى بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلماقتا . شۇنىڭ بىلەن بىرگە 10 مىڭلىغان ئانىلارمۇ ھاياتىدىن ئايرىلماقتا ياكى ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولماقتا . نۇرغۇن ئاياللار ياش تۇرۇپلا تۇغۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا . بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇسى تۆۋەنلەپ بارماقتا . بۇنىڭ بەدىلىگە جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھەركۈنى نەچچە ئونمىڭلاپ ئېقىپ كىرىپ بەھۇزۇر يەرلەشمەكتە ، بىر كۈندىلا يەرلىك خەلققە خوجايىن بولماقتا ، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلماقتا . بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلق كۈندىن ـ كۈنگە گادايلىشىپ قوساق توق ، كېيىم پۈتۈن بولماسلىق ئەھۋالى ھۆكۈم سۈرمەكتە. چىن نىكاھ قانۇنىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا ، ئەرنىڭمۇ ، خوتۇنىنىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار دېيىلىدۇ . ئۇلارچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا زور پايدىلىق بولارمىش . بۇنىڭ خىتايلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا زور پايدىلىق بولۇپ ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسىرى يوقۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە ، ئىنسانىيەتكىمۇ ، ئىسلامىيەتكىمۇ تۈپتىن زىت ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلىدۇ .

3 ـ 1959 ـ يىلدىن 1970 ـ يىللارغىچە ئەسىرلەردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى بىراقلا چەكلەپ مەسجىد ـ مەدرىسىلەرنى تاقىدى ، دىنىي ئۆلىمالارنى ، مىللىي زىيالىلارنى ، ئەدىب يازغۇچىلارنى ئۆلتۈردى ، تۈرمىلەرگا قامدى ، يىراق يەرلەرگە سۈرگۈن قىلدى . يۈزگە قارا سۈرتۈپ كوچىلاردا سازايى قىلدى . ئەبەدىي جازالاگىرلىرىغا مەھكۇم قىلىپ نابۇت قىلدى . ئۆي ـ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ قۇرئان كەرىمگىچە پۈتۈن دىنى كىتابلارنى ھەتتاكى تارىخىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ چىقىپ ھەممىنى كۆيدۈردى . مەسجىد ـ مەدرىسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چېقىپ يوقاتتى ، بىر قىسمىنى توڭگۇز ئېغىلىغا ئايلاندۇردى . دىنى ئۆلىمالارنى توڭگۇز گۆشى يېيىشكە ، خۇدانى يوق دېيىشكە مەجبۇر قىلدى . قىسقىسى ، ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكىدەك خارلانمىدى ، ھاقارەتلەنمىدى ، كەمسىتىلمىدى .

1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پەقەت خوتەن ۋىلايىتىدىنلا بىر كۈندىلا ئۆزتىلىدا خۇتبە سۆزلىگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن ئابدۇلھېكىم ، ئەھمەد توختى قارى ، ئابابەكرى ھاجى ، ئۆمەرجان قاتارلىق 36 ئىماملى قولغا ئېلىپ 15 ـ يىلدىن 7 يىلغىچە قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلدى .

1999 ـ يىل 88 ـ نومۇرلۇق خوتەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

دىن تارقىتىدىغان چەتئەللىك دۈشمەنلەرنىڭ رادىئولىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ، كۆپەيتىپ تارقاتقۇچىلار ، قوبۇل قىلغۇچىلار ، دىنىي تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقاتقۇچىلاردىن 1000 يۈەندىن تۆۋەن ( 100 دوللەر ) جەرىمانە ئېلىنىدۇ . چەتئەلنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلاشقۇچىلار ۋە ئۇلار بىلەن دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىلاردىن 3000 ، 5000 يۈەن ( 350 ، 550 دوللەر ) ئېلىنىدۇ . قىلمىشى ئېغىر بولغانلار ئايرىم قانۇنىي مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ . شەخسىي ئادەم چاقىرىپ قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەردىن 3000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە جەرىمانە ئېلىنىدۇ . دۆلەت كادىرلىرى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ئەركىنلىكى يوق . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناماز ئوقۇش ، روزا تۇتۇشىغا يول قويغان ئوقۇتقۇچىلار جازالاندۇرۇلىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ .

يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ، شەرقىي تۈركىستاندا ھەرقانداق بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە 200 مېتىر يېقىن بولغان پۈتۈن مەسجىد لەرنى چېقىپ تاشلاش بۇيرۇقى چىقارغان بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مەسجىدگە بېرىپ ناماز ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا. چىن ئاساسىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددىسىدا : « جۇڭگو پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە » دېيىلىدۇ. بۇنى ئىزاھلاپ، : « دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ » ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھېچقانداق دىنىي پائالىيەتكە يول قويمايدۇ. ئاددىسى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ كۈندە ئادا قىلىشى ۋاجىب بولغان 5 ۋاخ نامازنىمۇ خاتىرجەم ئادا قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشچىنىڭ ئاشكارا ناماز ئوقۇشىنى قەتئىي چەكلەيدۇ ، بويسۇنمىغۇچىلارنى ئىشتىن ھەيدەپ ، مائاشىڭنى مەسجىددىن ئال ، دەيدۇ ، مانا بۇ خىتاينىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى .

خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگودا كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئىسلامىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ئىسلامچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 16 « ئالىم » غا قۇرئان كەرىمنى جۇڭگو كوممۇنىستلىك ئىدىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان « ھەقىقىي » قۇرئان تەرجىمىسىنى تەييارلاپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان بولۇپ ، بۇ ئىش ھازىر جىددىي ئىشلەنمەكتە . بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى . جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى چېن گۇاڭ يۈەن ، بەزى مەسجىدلەردە سۆزلەنگەن خۇتبىلەر جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، دېدى . ئۇنىڭچە ، ئايەتلەرنى كوممۇنىزم ئاڭ چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىزاھلاش لازىممىش .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزمەكتە بولغان زۇلۇمغا قارشى يەرلىك خەلقنىڭ ئېلىپ بارغان نامايىش ۋە نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى چىن ھۆكۈمىتى « مىللىي بۆلگۈنچىلىك ، تېرورىستلىك ھەرىكەت » دەپ ئاتاپ ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئېغىر باستۇرماقتا .

بۇ ھەقتەخەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 1999 ـ يىل ئېلان قىلغان 92 بەتلىك يىللىق دوكلاتىدا تەپسىلىي مەلۇمات بولۇپ ، بونداق مەلۇماتلار ھەر يىلى ئېلان قىلىنماقتا .

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىدىن ئېلىنغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، جۇڭگودا مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ( 2001 ـ يىلى 4 ـ 5 ـ 6 ـ ئاي ئىچىدە ) 1781 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ، 2960 كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان . سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق مىساللار بەك كۆپ . قىسقىسى ، ياشلىرىمىز ھەرخىل باھانىلار بىلەن خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمەكتە، تۈرمىلارغا تاشلانماقتا ، شەرقىي تۈركىستاننى بىردۇزاخقا ئايلاندۇرماقتا ، خىتاي ھاكىمىيىتى « قېنى ئەمدى قولۇڭدىن كەلسە ئوتتۇرىغا چىق » دەپ چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللىنىپ خەلقىمىزنى قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرمىنۇت تەييار تۇرماقتا.

بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ، بىز بىلەن ئوخشاش دىن ، ئوخشاش تىل ، ئوخشاش ئۆرپ ـ ئادەتكە ئىگە قېرىنداش قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، ئۆزبەكىستان ، تاجىكىستانلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرىپ تاشلاپ ، زېمىنىنى ئەبەدىي داۋاگەرسىز قىلىپ ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ھەرىكەت قىلماقتا. دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ خىتايلارنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى بىلىپ يەتمەكتە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن تەشۋىشلەنمەكتە .

شەرقىي تۈركىستاندا ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى داۋام قىلماقتا. قىزىل ئىمپېرىيە ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان قانداق يەر؟ ئۇيەردە خىتايلار قانداق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيەردىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرى نېمە؟ شەرقىي تۈركتان خەلقىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ . . . ؟

مانا بۇ مەسىلىلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ ، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا بۇقەدەر زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە ئىسلام ئەللىرىگە مەلۇم بولسىمۇ ، دۇنيانىڭ بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ جىنايەتلەرگە ھېچقانداق بىر ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەيىپتۇر . ئىسلام دۇنياسىنىڭ ، ئۆز ۋەتەنلىرىدە تامامەن يوق قىلىنىش خەۋپى ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىغا بولغان ئالاقەسىزلىقى ۋە پەرۋاسىزلىقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىدارىسىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەيرى ئىنسانى پائالىيەتلىرىگە جاسارەت بەرمەكتە .

ھەربىر خەلقنىڭ ئەڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى ، مەدەنىي ھەقلەر ، بۈگۈنكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇنداق ھەقلەردىن تامامەن مەھرۇمدۇر. بۇ مەنىۋىي ھەقلەرگە يېڭىدىن ئېرىشمەك ۋە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن بولۇپمۇ دىن قېرىندىشى بولغان ئىسلام دۇنياسىدىن مەدەت ۋە ياردەم كۈتمەكتە .

ئىسلام دۇنياسىدىن ، ئىسلام كونفرانسى تەشكىلاتىدىن ۋە پۈتۈن خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىنى توختىتىشى ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسىتىشىنى ئۈمىد ۋە تەلەپ قىلماقتا .